# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش سالمىقى زورايتىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى؛ سىرتقا ئېچىۋېتىش سىجىل كېڭەيتىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش نەتىجىلىرى مول بولدى؛ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئالىي مائارىپ ئومۇملىشىش باسقۇچىغا كىردى، شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 60 مىليوندىن ئاشتى، دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىلدى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى قاپلىدى، ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى 1 مىلياردقا يېقىن كىشىنى قاپلىدى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؛ مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپى گۈللىنىپ راۋاجلاندى؛ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئارمىيەنىڭ تەشكىلىي ھالىتىدە مۇھىم، زور ئۆزگىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيدى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى ساقلاندى. «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەر پات ئارىدا تاماملىنىدۇ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى بىر چوڭ قەدەم تاشلاندى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىياپەتتە دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈردى.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، قەرەلدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇھىتى دۇچ كەلگەن چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ مۇنداق قارالدى: ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات، ئۆزگىرىش مەۋجۇت. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى چوڭقۇر تەرەققىي قىلماقتا، خەلقئارا كۈچ سېلىشتۇرمىسى چوڭقۇر تەڭشەلمەكتە، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يەنىلا دەۋر باش تېمىسى بولماقتا، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارا مۇھىت كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىپ، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق كۆرۈنەرلىك ئاشماقتا. دۆلىتىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا يۈزلەندى، تۈزۈم ئەۋزەللىكى روشەنلەشتى، ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارى ئۆستى، ئىقتىساد ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، ماددىي ئاساسى پۇختا، ئادەم كۈچى بايلىقى مول، بازار بوشلۇقى كەڭ، تەرەققىيات ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىشتا كۆپ تەرەپتىكى ئەۋزەللىك ۋە شارائىتقا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرىدىكى ئىسلاھات ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ، يېزا ئىگىلىك ئاساسى تېخى مۇستەھكەم ئەمەس، شەھەر، يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىياتى ۋە كىرىم تەقسىماتىدىكى پەرقى بىرقەدەر چوڭ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە كەمتۈكلۈك مەۋجۇت، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتا يەنە ئاجىز تۇرلەر بار. پۈتۈن پارتىيە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەتنى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپنى چوڭقۇر تونۇپ، چۈشىنىش، مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ئېلىپ كەلگەن يېڭى زىددىيەت، يېڭى خىرىسنى چوڭقۇر تونۇپ، پۇرسەت ئىگە ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مەۋقەنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىپ، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، پايدىلىق تەرەپكە يۈزلىنىپ زىيانلىق تەرەپتىن ساقلىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا 2035 ـ يىلغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش كەلگۈسى نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يەنى: دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى زور دەرىجىدە يۇكسەلدۈرۈپ، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى ۋە شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشى كىرىمىنى يەنە يېڭى زور پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا مۇھىم، زور بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشچان دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا كىرىدۇ؛ يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىدۇ؛ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ باراۋەر قاتنىشىش، باراۋەر تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈپ، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىدۇ؛ مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى، مائارىپ كۈچلۈك دۆلىتى، ئىختىساسلىقلار كۈچلۈك دۆلىتى، تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلىتى، ساغلام جۇڭگو قۇرۇپ چىقىپ، خەلقنىڭ ساپاسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يېڭى يۈكسەكلىككە يەتكۈزۈپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىدۇ؛ يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىنى كەڭ تۈردە شەكىللەندۈرۈپ، كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكەندىن كېيىن مۇقىم ئاساستا تۆۋەنلىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈپتىن ياخشىلاپ، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇلۇشى نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدۇ؛ سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە قاتنىشىش يېڭى ئەۋزەللىكىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىدۇ؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپىنى كۆرۈنەرلىك كېڭەيتىپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى باراۋەرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىياتى پەرقى ۋە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى پەرقىنى كۆرۈنەرلىك كىچىكلىتىدۇ؛ تىنچ ـ ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدۇ؛ خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىدا تېخىمۇ روشەن ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئومۇمىي يىغىندا «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پىرىنسىپلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھىرە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسى گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىناق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تۈپ كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، سىستېما قاراشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يەنى: ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، سۈپەت، ئۈنۈمنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش ئاساسىدا ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئېشىش يوشۇرۇن كۈچى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىچى بازىرى تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇلۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى روشەن ئاشۇرۇلۇپ، كەسىپ ئاساسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىشىش، كەسىپ زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىياتىدىكى ماسلىششچانلىقى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلىپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە يېڭى قەدەم تاشلىنىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىلىپ، بازار سۇبيېكتلىرى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋە مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئىسلاھاتىدا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئادىل رىقابەت تۈزۈمى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلىدۇ؛ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسى يېڭى يۈكسەكلىككە ئىگە بولۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە جىسمانىي، روھىي ساغلاملىق ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلۈپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەتنى سىستېمىسى ۋە مەدەنىيەت كەسپى سىستېمىسى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشى كۈنسېرى مولللاشتۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۈچى يەنىمۇ ئاشۇرۇلىدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ؛ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش ـ قوغداش ئەندىزىسى ئەلالاشتۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىنى يېشىللاشتۇرۇپ تىپىنى ئۆزگەرتىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى روشەنلەشتۈرۈلۈپ، ئېنېرگىيە بايلىقىنى تەقسىملەش تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، پايدىلىنىش ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ، ئاساسلىق بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئومۇمىي مىقدارى سىجىل ئازايتىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سىجىل ياخشىلىنىپ، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىدۇ؛ خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى يېڭى سەۋىيەگە يەتكۈزۈلۈپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاھالىلەر كىرىمىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئاساسىي جەھەتتىن ماس قەدەملەشتۈرۈلۈپ، تەقسىمات قۇرۇلمىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ باراۋەرلىشىش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلۈپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ تەربىيەلىنىش دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، سەھىيە ـ ساغلاملىق سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرى مۇستەھكەملىنىپ كېڭەيتىلىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلىدۇ؛ دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارى يېڭى يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىللىق تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، دۆلەت مەمۇرىيەت سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلۇپ، مەمۇرىيەتنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكى روشەن ئۆستۈرۈلۈپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلىدۇ، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، تاساددىپىي ئاممىۋى ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى روشەن كۈچەيتىلىپ، تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلىدۇ، تەرەققىيات، خەۋپسىزلىك كاپالىتى تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا مۇھىم، زور قەدەم تاشلىنىدۇ.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈن ۋەزىيىتىدىكى يادرولۇق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تىرەكى قىلىپ، دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سەپىگە يۈزلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئېھتىياجىغا يۈزلىنىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈزلىنىپ، پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى، ئىختىساسلىقلار كۈچلۈك دۆلەت ئىستراتېگىيەسى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، دۆلەت يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن ـ تېخنىكا كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد سىستېمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى كۈچەش نۇقتىسىنى ئەمەلىي ئىقتىسادقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ياسىمىچىلىق كۈچلۈك دۆلىتى، سۈپەت كۈچلۈك دۆلىتى، تور كۈچلۈك دۆلىتى، رەقەملىك جۇڭگو قۇرۇپ، كەسىپ ئاساسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىشىشى، كەسىپ زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ سۈپەت ئۈنۈمى ۋە يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئېنېرگىيە ئىنقىلابىنى ئالغا سىلجىتىپ، رەقەملەشكەن تەرەققىياتنى تېزلىتىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: كۈچلۈك دۆلەت ئىچى بازىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساس نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېزدىن يېتىشتۈرۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن ئورگانىك برلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەمىنلەش ئارقىلىق يېڭى ئېھتىياجنى يېتەكلەش ۋە يارىتىش كېرەك. دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىستېمالنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، مەبلەغ سېلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈنۈملۈك بازار بىلەن ئىقتىدارلىق ھۆكۈمەتنىڭ تېخىمۇ ياخشى بىرىكىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، ماكرو ئىگىلىك ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زامانىۋى مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئورنىتىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى قۇرۇپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى تولۇقلاش، شەھەرلەر ئارقىلىق يېزىلارنى يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، ماس تەرەققىي قىلىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان يېڭىچە سانائەت ـ يېزا ئىگىلىكى، شەھەر ـ يېزا مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپەت ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجىسىنى پۇختىلاش، كېڭەيتىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: دۆلەت زېمىن بوشلۇقى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، رايونلار ماس تەرەققىياتى ۋە يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. رايونلار مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسى، رايونلار ماس تەرەققىياتى ئىستراتېگىيەسى، ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايون ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، رايونلار ماس تەرەققىياتى تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ دۆلەت زېمىن بوشلۇقى ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە تىرەك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش، قوغداش يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، رايونلار ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئادەمنى يادرو قىلىنغان يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)